# تىنچ تەرەققىي قىلىش، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىشلا جاھاندىكى توغرا يول

## —— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمىنىڭ ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن دۆلەتتىن چىقىپ ئۇرۇش قىلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

«دۇنيا ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ دۇنياسى، دۇنيا دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىق ۋە خىرىسقا ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ، قول تۇتۇشۇپ تاقابىل تۇرۇشىغا توغرا كېلىدۇ، تىنچ تەرەققىي قىلىش، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىشلا جاھاندىكى توغرا يول. جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمىنىڭ ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن دۆلەتتىن چىقىپ ئۇرۇش قىلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ بۇ ئۇرۇشنىڭ ھەققانىيەتنىڭ جەزمەن زوراۋانلىق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدىغانلىقىنى، تىنچ تەرەققىي قىلىشنىڭ توسۇۋالغىلى بولمايدىغان تارىخ ئېقىمى ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاپ بەرگەنلىكىنى چوڭقۇر كۆرسىتىپ بەردى، جەزمەن دۇنيا تىنچلىقى ۋە ھەققانىيلىقنى قوغداپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇش كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى، جۇڭگونىڭ تىنچ تەرەققىيات يولىدا مېڭىشتا چىڭ تۇرۇش ئىرادىسى ۋە ئىشەنچىسىنى تەنتەنىلىك جاكارلىدى.

ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخى تۈرلۈك خىرىس ۋە قىيىنچىلىقلار ئۈستىدىن ئۈزلۈكسىز غەلىبە قىلغان تارىخ. بۈگۈن، ئىنسانلار ئالاقە راۋانلاشقان يېڭى دەۋرگە قەدەم قويدى، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ مەنپەئەتى بىر - بىرىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك، تەقدىرى بىر - بىرىگە زىچ باغلانغان. ھازىر، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ يەر شارىدا كەڭ تارقىلىشى ۋە دۇنيادا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتى بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسەتتى، لېكىن تىنچلىق ۋە تەرەققىياتتىن ئىبارەت دەۋر باش تېمىسى ئۆزگەرمىدى، ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ تىنچ تەرەققىي قىلىش، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىش ئارزۇسى تېخىمۇ كۈچەيدى. تۈرلۈك يەر شارىۋى تەھدىت ۋە خىرىسلار ئالدىدا، خەلقئارا جەمئىيەت ئىلگىرىكى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ بەكرەك ئىتتىپاقلىشىش، ھەمكارلىشىشقا تېخىمۇ موھتاج، كۆپ تەرەپچىللىكنى قوغداشقا تېخىمۇ موھتاج، خەلقئارا ئادىللىق ۋە ھەققانىيلىقتا چىڭ تۇرۇشقا تېخىمۇ موھتاج بولماقتا. ھەرقايسى دۆلەتلەر بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان، ئۆزئارا سىڭىشىپ كەتكەن تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى تۇرغۇزۇپ، كىچىك گۇرۇھ ۋە نۆل يىغىندىلىق ئېلىشىش تەپەككۇرىدىن سەكرەپ چىقىپ، چوڭ ئائىلە ۋە ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىش ئىدىيەسىنى تۇرغۇزۇپ، ئىدېئولوگىيە تالاش - تارتىشىنى چۆرۈپ تاشلاپ، مەدەنىيلىك توقۇنۇشى توزىقىدىن ھالقىپ، ھەرقايسى دۆلەتلەر ئۆز ئالدىغا تاللىغان تەرەققىيات يولى ۋە ئەندىزىسىگە ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىپ، دۇنيانىڭ كۆپ خىللىقىنى ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ تۈگىمەس ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە، ئىنسانىيەت مەدەنىيلىكىنىڭ رەڭگارەڭ تەبىئىي ھالىتىگە ئايلاندۇرۇشى كېرەك.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: «بۈگۈنكى دۇنيادا، ھەرقانداق يەككە تەرەپچىللىك، قورۇقچىلىق، چېكىدىن ئاشقان شەخسىي مەنپەئەتپەرەسلىكنىڭ ھەممىسى تۈپتىن ئاقمايدۇ! ھەرقانداق قاقتى - سوقتى قىلىش، قامال قىلىش، چېكىدىن ئاشقان بېسىم ئىشلىتىش شەكلىنىڭ ھەممىسى تۈپتىن ئاقمايدۇ! ھەرقانداق ئۆز بېشىمچىلىق، ئۆزىنى قالتىس چاغلاش قىلمىشى، ھەرقانداق مۇشتۇمزورلۇق، مۇتتەھەملىك، زومىگەرلىك قىلمىشلىرىنىڭ ھەممىسى تۈپتىن ئاقمايدۇ! تۈپتىن ئاقمايلا قالماستىن، ئاخىرىدا مۇقەررەر ھالاك بولىدۇ!» ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى پولاتتەك پاكىتلار ئارقىلىق كىشىلەرگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، ھەرقانداق بىر دۆلەت، ھەرقانداق بىر قوشۇن، مەيلى قانچىلىك كۈچلۈك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەگەر دۇنيا تەرەققىيات ئېقىمىنىڭ قارشى تەرىپىدە تۇرۇپ، كۈچىگە تايىنىپ ئاجىزلارنى بوزەك قىلسا، كەينىگە دەسسەپ تەتۈر ئىش كۆرسە، تاجاۋۇزچىلىق، كېڭەيمىچىلىك قىلسا، مۇقەررەر ھالدا يۈز - كۆزى قانغا بويۇلىدۇ. تارىخ ۋە رېئاللىق شۇنى تولۇق بىلدۈردىكى، چوڭ - كىچىك دۆلەتلەر ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش، بىردەك باراۋەر بولۇش دەۋر تەرەققىياتىنىڭ تەلىپى، ھەرقانداق دۆلەتنىڭ خەلقئارا ئىشلارنى ئۆز ئالدىغا تارتۇۋېلىش، باشقا دۆلەتلەرنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەش، تەرەققىيات ئۈستۈنلۈكىنى مونوپول قىلىۋېلىش ھوقۇقى يوق، دۇنيادا خالىغىنىنى قىلىشقا، مۇشتۇمزورلۇق، زومىگەرلىك، مۇتتەھەملىك قىلىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى تەپەككۇرىغا تايىنىپ، ئىدېئولوگىيە ئارقىلىق سىزىق سىزىپ، نۆل يىغىندىلىق ئويۇن ئويناسا، ھەم ئۆز دۆلىتىنىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلالمايدۇ، ھەم ئىنسانلار دۇچ كەلگەن ئورتاق خىرىسقا تېخىمۇ تاقابىل تۇرالمايدۇ. سۆزلىشىشنى توقۇنۇشنىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ، كېڭىشىشنى تەھدىتنىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ، ئورتاق پايدا ئېلىشنى نۆل يىغىندىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ، ئۆز دۆلىتىنىڭ مەنپەئەتىنى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئورتاق مەنپەئەتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىنىڭ بىرىكىش نۇقتىسىنى ئىزدەپ كېڭەيتكەندىلا، ئاندىن ئىناق، ھەمكارلاشقان خەلقئارا چوڭ ئائىلە قۇرۇپ چىققىلى بولىدۇ.

جۇڭخۇا مىللىتى تىنچلىقنى سۆيىدىغان مىللەت، جۇڭگو خەلقى تىنچلىقنى سۆيىدىغان خەلق. يېقىنقى زاماندىن بۇيان، جۇڭگو خەلقى كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەر تاجاۋۇزىنىڭ زىيىنىنى يەتكۈچە تارتتى، ئۇرۇش ئوتى ۋەيرانچىلىقىنىڭ ئازابىنى باشتىن كەچۈردى، لېكىن جۇڭگو خەلقى بۇنىڭدىن ئاجىزلارنى كۈچلۈكلەر بوزەك قىلىشتەك قاراقچى لوگىكىسىنى ئۆگەنمەستىن، بەلكى تىنچلىقنى قوغداش ئىرادىسىنى تېخىمۇ چىڭىتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 70 نەچچە يىلدىن بۇيان، بىز ئەزەلدىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن بىر مەيدان ئۇرۇش قوزغاپ باقمىدۇق، ئەزەلدىن باشقا دۆلەتلەرنىڭ بىر سۇڭ يېرىنى ئىگىلىۋالمىدۇق. مەيلى تەرەققىي قىلىپ قايسى دەرىجىگە يېتىشتىن قەتئىينەزەر، جۇڭگو مەڭگۈ زومىگەر بولمايدۇ، مەڭگۈ كېڭەيمىچىلىك قىلمايدۇ، مەڭگۈ ئۆزىنىڭ ئىلگىرى باشتىن كەچۈرگەن ئېچىنىشلىق كەچۈرمىشلىرىنى باشقا مىللەتلەرگە تاڭمايدۇ. جۇڭگو خەلقى ئىش تېرىمايدۇ ھەم ئىشتىنمۇ قورقمايدۇ، ھەرقانداق قىيىنچىلىق ۋە خەۋپ - خەتەر ئالدىدا پۇتى تىترىمەيدۇ، بېلى ئېگىلمەيدۇ، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكى، تەرەققىيات مەنپەئەتىنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىغا ھەرگىز قاراپ تۇرمايدۇ، ھەرقانداق كىشى، ھەرقانداق كۈچنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ مۇقەددەس زېمىنغا دەخلى - تەرۇز قىلىشىغا ۋە ئۇنى پارچىلىشىغا ھەرگىز يول قويمايدۇ. مەسئۇلىيەتچان چوڭ دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، جۇڭگو تىنچلىق، تەرەققىيات، ئادىللىق، ھەققانىيلىق، دېموكراتىيە، ئەركىنلىكتىن ئىبارەت پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق قىممىتىنى چىڭ ساقلاپ، ئورتاق كېڭىشىش، ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق بەھرىلىنىشتىن ئىبارەت يەر شارىۋى ئىدارە قىلىش قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، تىنچ تەرەققىي قىلىش، ئوچۇق تەرەققىي قىلىش، ھەمكارلىشىپ تەرەققىي قىلىش، ئورتاق تەرەققىي قىلىش يولىدا قەتئىي تەۋرەنمەي مېڭىپ، باشتىن - ئاخىر دۇنيا تىنچلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى، پۈتۈن يەر شارىۋى تەرەققىياتنىڭ تۆھپە قوشقۇچىسى، خەلقئارا تەرتىپنىڭ قوغدىغۇچىسى بولىدۇ.

«كۆپنىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە كۈچىنى يىغقاندىلا ھەرقانداق قىيىنچىلىقنى يەڭگىلى، شانلىق نەتىجىلەرنى ياراتقىلى بولىدۇ»، يەر شارىۋى تەھدىت ۋە خىرىسلارغا ناھايىتى كۈچلۈك بولغان يەر شارىۋى تاقابىل تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. خەلقئارا جەمئىيەت ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، تىنچ تەرەققىي قىلىش، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىشتەك جاھاندىكى توغرا يولنى چىڭ ساقلاپ، باشتىن - ئاخىر تارىخنىڭ توغرا تەرىپىدە تۇرۇپ، تۈرلۈك يەر شارىۋى مەسىلىلەرگە قول تۇتۇشۇپ تاقابىل تۇرسىلا، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرى چوقۇم ئۇزاققىچە تىنچ بولىدىغان، ئورتاق گۈللىنىدىغان ئىناق دۇنيا قۇرۇپ چىقالايدۇ، يەر شارى ماكانىمىزنى تېخىمۇ گۈزەل قىلالايدۇ.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئۇلۇغ ئىشنى ئالغا سىلجىتىشىمىز كېرەك. دۆلەت كارخانىسىنىڭ مەسئۇلى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى يېتەكلەپ يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان كارخانىلارنىڭ ئۆلچىمىگە توغرىلىنىپ باشقۇرۇش سەۋىيەمنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە - كۈچ قوشىمەن.

«باش شۇجىنىڭ مۇھىم سۆزى بىزدەك پۇقراۋى كارخانىلارغا ئىلھام بەردى، ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىمىزنى كۈچەيتىپ، جەمئىيەت مەسئۇلىيىتىنى باتۇرلۇق بىلەن زىممىمىزگە ئېلىپ، كۈرەش قىلىش كۈچىنى مۇجەسسەملەپ، قىيىنچىلىققا پىسەنت قىلماي ئىلگىرىلەپ، قەتئىي تەۋرەنمەي ئالغا ئىلگىرىلىشىمىز كېرەك.» يىما گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىنىڭ لىدىرى چېن چياڭ مۇنداق بىلدۈردى: بىز ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، ئاساسىي كەسىپنى ياخشى ئىشلەپ، ئەلا ئىشلەپ، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشىمىز.

شىخەنزە داشۆسى تېببىي شۆيۈەنى كىلىنىكىلىق مېدىتسىنا كەسپىنىڭ 1 - يىللىق ئوقۇغۇچىسى ۋاڭ يانەن مۇنداق دېدى: بىز باش شۇجىنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھى ئارقىلىق ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىمىزنى بىرلىككە كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. ئۇلارنىڭ ئۇلۇغ تۆھپىلىرىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، بۈگۈنكى بەختلىك تۇرمۇشىمىزنى قەدىرلەيمىز. مەن ھەسسىلەپ تىرىشىپ، كەلگۈسىدە بىر مۇنەۋۋەر دوختۇر بولۇپ، ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرۇپ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىمەن.

10 - ئاينىڭ 23 - كۈنى سەھەردە، خوشۇت ناھىيەسىنىڭ نەرىنكىر يېزىسى ئۆلزەت كەنتىدىكى بايېر قاتارلىق تۆت كەنت ئاھالىسى نامرات ئائىلە سابىنبەنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، بىرلىكتە جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمىنىڭ ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن دۆلەتتىن چىقىپ ئۇرۇش قىلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىنىڭ تېلېۋىزوردىن بىۋاستە كۆرسىتىلىشىنى كۆردى. بايېر ئىلگىرى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېكىتىلگەن نامرات ئاھالە ئىدى، ھازىر كەنتتىكى بېيىش باشلامچىسى بولۇپ قالدى، «ھازىرقى ياخشى كۈنلەر پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىرلىكتە جان تىكىپ كۈرەش قىلىشى ئارقىلىق كەلگەن. مەن يەنە داۋاملىق تىرىشىپ، ھەمكارلىق كوپىراتىپىنى تېخىمۇ ياخشى باشقۇرۇپ، كۆپچىلىك بىلەن بىللە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەتكە قاراپ ئاتلىنىمەن».

دۆلەت ئېلېكتىر تورى خوتەن توك بىلەن تەمىنلەش شىركىتى شەھەر رايونى توك بىلەن تەمىنلەش مەركىزىنىڭ مەسئۇلى لېي يەنشياڭ مۇنداق دېدى: «زامانىمىز ياشلىرى ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇلۇغ روھىغا زور كۈچ بىلەن ۋارىسلىق قىلىشى ۋە ئۇنى ئەۋج ئالدۇرۇشى كېرەك. دۆلەت ئېلېكتىر تورى شىركىتىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ، توك بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش خىزمىتىنى جان - دىل بىلەن ياخشى ئىشلەپ، ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز ئارقىلىق دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقىنى نامايان قىلىشىمىز كېرەك».

10 - ئاينىڭ 23 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، يىغىننىڭ بىۋاستە كۆرسىتىلىشىنى كۆرگەندىن كېيىن بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئوت ئۆچۈرۈش - قۇتقۇزۇش تارماق ئەترىتىنىڭ كوماندىر - جەڭچىلەر مۇنداق بىلدۈردى: ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇلۇغ روھى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ۋە خەلق ئارمىيەسىنىڭ ئالىيجاناب خىسلىتىنىڭ جانلىق كارتىنىسى، ئۇ تولىمۇ قىممەتلىك مەنىۋى بايلىق، جەزمەن جۇڭگو خەلقىنى بارلىق جاپا - مۇشەققەت، خەۋپ - خەتەر، توسالغۇلارنى يېڭىپ، بارلىق كۈچلۈك دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ.

**(مۇخبىر لى لى، قاتناشقان مۇخبىرلار شى شىن، ۋېي خۇڭپېڭ، ۋاڭ يۈجاۋ، سۇڭ ۋېيگو، بورتالا ئوبلاستلىق مۇخبىرلار پونكىتىدىن جاڭ شياۋمىن، ئىختىيارىي مۇخبىرلار جاڭ يۈڭ، شى يىڭيېڭ، ۋاڭ جېن، نيۇ دېلۇڭ)**

---

(بېشى 1 - بەتتە)

تونۇشتۇرۇلۇشچە، كوناشەھەر ناھىيەسىدە يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى بىلەن يۇقۇملانغان كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچى بايقالغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىز كوناشەھەر ناھىيەسىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى بارلىق خادىملارنىڭ نۇكلېئىك كىسلاتاسىنى ھەقسىز تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇشنى تېزدىن تەشكىللىدى. 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى سائەت 14كىچە، قەشقەر ۋىلايىتىدە 2 مىليون 835 مىڭ 300 كىشىدىن نۇكلېئىك كىسلاتاسى ئەۋرىشكىسى ئېلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى گۇ يىڭسۇنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، 10 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، كوناشەھەر ناھىيەسىدە «تەكشۈرۈشكە تېگىشلىكلەرنى تولۇق تەكشۈرۈش» بويىچە خادىملارنى قەرەللىك تەكشۈرۈش جەريانىدا، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى بىلەن يۇقۇملانغان كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن بىر يۇقۇملانغۇچى بايقالغان، ئۇنىڭ بىلەن يېقىندىن ئۇچراشقۇچىلار، يېقىندىن ئۇچراشقۇچىلار بىلەن يېقىندىن ئۇچراشقۇچىلارنىڭ نۇكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى سائەت 14كىچە، 137 كىشىنىڭ تەكشۈرۈش نەتىجىسى مۇسبەت چىققان، مۇتەخەسسىسلەر دىياگنوز قويۇش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچى ئىكەنلىكى بېكىتىلگەن.

يۇقۇم يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى بىرىنچى ۋاقىتتا يۇقۇمنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ تەن ساغلاملىقى ۋە ھاياتىي بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى ھەم خىزمەت گۇرۇپپىسى، مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنى قەشقەرگە ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشقا ئەۋەتتى. كوناشەھەر ناھىيەلىك يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش قوماندانلىق ئىشتابى دەرھال جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش مېخانىزمىنى قوزغاتتى، قەشقەر ۋىلايەتلىك يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابى دەرھال بىرىنچى دەرىجىلىك جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش لايىھەسىنى قوزغاتتى، ئاپتونوم رايون، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ بىرلەشمە مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى دەرھال كوناشەھەر ناھىيەسىگە بېرىپ خىزمەتلەرنى قانات يايدۇردى، مۇناسىۋەتلىك تارماقلار يۇقۇمغا ھۆكۈم قىلىش، تارقىلىشچان كېسەللىك ئىلمى بويىچە تەكشۈرۈش، نۇقتىلىق كىشىلەرنى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش، نۇكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇردى. ئىلمىي تەدبىر قوللىنىش، دەل جايىدا ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتە قەتئىي چىڭ تۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ يامراپ كەتمەسلىكىگە، كېڭىيىپ كەتمەسلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

ئاپتونوم رايون بىرىنچى ۋاقىتتا ئاپتونوم رايونلۇق نۇكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش مەركىزى ۋە ئاقسۇ، خوتەن، بايىنغولىن، سانجى قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىن 600دىن ئارتۇق نۇكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرگۈچى خادىمنى تەشكىللەپ ئاجرىتىپ، قەشقەرنىڭ نۇكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشىغا جىددىي ياردەم بەردى، قەشقەر ۋىلايىتىمۇ ئۆز رايونىدىكى 2500دىن ئارتۇق كەسپىي خادىمنى ئاجرىتىپ، تەكشۈرۈش كوللېكتىپى تەشكىللەپ قۇرۇپ، دەرھال كوناشەھەر ناھىيەسىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، قەشقەر ۋىلايىتىدە بارلىق خادىملارنىڭ نۇكلېئىك كىسلاتاسىنى ھەقسىز تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇردى.

گۇ يىڭسۇنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، نۆۋەتتە، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئاۋىياتسىيە، تۆمۈر يول، تاشيول قاتارلىق قاتناش يوللىرىنىڭ ھەممىسى نورمال، راۋان ئىكەن. سىرتتىن قەشقەرگە كەلگەن خادىملارغا قارىتا ئايرىۋېتىش قوللىنىلمايدىكەن، نۇكلېئىك كىسلاتاسى دوكلاتىنى ئېلىپ يۈرۈش ھاجەتسىز بولۇپ، ماسكىنى ياخشى تاقاش، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەش، ساغلاملىق كودىنى سكانىرلاش تەدبىرىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرسىلا بولىدىكەن. قەشقەردىن ئايرىلماقچى بولغان سىرتتىن كەلگەن ساياھەتچىلەر يەتتە كۈن ئىچىدىكى ئۈنۈملۈك نۇكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش مەنپىي دوكلاتىنى ئېلىپ، قەشقەردىن نورمال ئايرىلسا بولىدىكەن.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

باشلاپ خوتەن ۋىلايىتىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى لى پېڭشىن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا بىللە بولدى.

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسىدىكىلەر ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ خوتەن ناھىيەسىنىڭ بۇزاق يېزىسى زاۋتۇ باقمىچىلىق بازىسى، ئىقتىساد يېڭى رايونى ئاياغچىلىق كەسىپلەر باغچىسى، قاراقاش ناھىيەسىدىكى شىنجاڭ مېيتىپ گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى، يىفېڭ ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتى قاتارلىق جايلارغا كېلىپ، نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، توشقان، قوي، توخۇ قاتارلىق ئۆي قۇشلىرى - چارۋا باقمىچىلىقى كەسپىنىڭ تەرەققىياتى ۋە باشلامچى كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت، نامراتلارنى يېتەكلەش، نامراتلارغا نەپ يەتكۈزۈش ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئىگىلەپ، ئىشقا ئورۇنلاشقان نامرات ئامما بىلەن يۈزتۇرا پىكىر ئالماشتۇرۇپ، ھەرقايسى ئىش تۈرلىرى بويىچە ماھارەتلىك ئىختىساسلىقلارنىڭ تەربىيەلىنىش، ئىش ئورنىغا چىقىش، كىرىم ئەھۋالىنى ئىگىلىدى. شيا گېڭشېڭ سىن ئارقىلىق لوپ ناھىيەسى، نىيە ناھىيەسى، گۇما ناھىيەسى، كېرىيە ناھىيەسى، چىرا ناھىيەسىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى.

شيا گېڭشېڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش جەريانىدا مۇنداق كۆرسەتتى: ھازىر، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان، ئومۇميۈزلۈك تاماملىنىدىغان ئاچقۇچلۇق باسقۇچقا كەلدى، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نىشانى، ئۆلچىمى بويىچە ئۆلچەمگە توغرىلىنىپ، قانۇن - نىزامغا توغرىلىنىپ، كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق نامرات ئەمگەكچىلىرىنىڭ مۇقىم ئىش ئورنىغا ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولۇپ، «كەشتە تىكىش» ماھارىتىنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، ئىشنى ياخشى قىلىپ، ياخشى ۋۇجۇدقا چىقىرىپ، ئىشتا نەتىجە قازىنىشقا ماھىر بولۇپ، بىرلا غەيرەتكە كېلىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش كېرەك.

شيا گېڭشېڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: كەسىپلەر تەرەققىي قىلغاندىلا، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئاندىن كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ، تەرەققىيات ئاندىن ئاخىرقى كۈچكە ئىگە بولىدۇ. كەسىپلەر ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشتىن ئىبارەت بۇ ئاساسنى چىڭ تۇتۇپ، تەشكىللەش شەكلىدە يېڭىلىق يارىتىپ، باشلامچى كارخانىلار، ھەمكارلىق كوپىراتىپلىرى، نامراتلارنى يۆلەش بازىلىرىنىڭ تۈرتكىلىك رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ خاس كەسىپلەرنى راۋاجلاندۇرۇپ، تېرىقچىلىق، باقمىچىلىقنى مۇۋاپىق كۆلەملەشتۈرۈشنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، كەسىپلەرنى زورايتىپ، كۈچەيتىپ، تەسىر كۆرسىتىش ئېففېكتىنى شەكىللەندۈرۈپ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى مۇقىم ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. نامراتلارنى يۆلەش بايلىقىدىن ھەقىقىي ياخشى پايدىلىنىپ، ئىرادە جەھەتتىن يۆلەش، ئەقىل جەھەتتىن يۆلەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، نامرات رايونلاردىكى نامرات ئاممىنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىي قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە كۆزىتىش - ئۆلچەش ۋە ياردەم بېرىش - يۆلەش تۈزۈمى مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ياردەم بېرىش - يۆلەش تەدبىرلىرىنى مۇددەتتىن بۇرۇن ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىش ۋە يېڭىدىن نامراتلىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. «تۆتنى تاشلىماسلىق» تەلىپىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھازىرقى ياردەم بېرىش - يۆلەش سىياسەت تەدبىرلىرى، مەبلەغ بىلەن قوللاش سالمىقى، ياردەم بېرىش - يۆلەش خىزمىتى كۈچىنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن مۇقىم بولۇشىنى ساقلاپ، كۆپ خىل تەدبىرنى تەڭ قوللىنىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش كېرەك.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)